شنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 8 - ئاي
23
يەكشەنبە
维吾尔文 8 月23日

新疆日报 شىنجاڭ گازىتى

شنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25162 - سان بۈگۈن 4 بەت

# ئاپتونوم رايونىمىز مەركەز مالىيەسىنىڭ بىۋاستە يەتكۈزۈلىدىغان مەبلىغىنى بىرىنچى ۋاقىتتا چۈشۈردى

## ئاساسىي قاتلامنىڭ «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىگە كۈچلۈك مەدەت بەردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىرنىڭ** 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەز ئاپتونوم رايونىمىزغا ئورۇنلاشتۇرغان ئالاھىدە يۆتكىمە چىقىم، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش زايومى قاتارلىق بىۋاستە يەتكۈزۈلىدىغان مەبلەغلەرنى ئاساسىي قاتلامغا ۋاقتىدا ئاجرىتىپ بېرىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى كۈچلۈك مەدەت بىلەن تەمىنلىگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەركەزنىڭ ئالاھىدە يۆتكىمە چىقىم سىياسىتىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەركەزنىڭ بىۋاستە يەتكۈزۈلىدىغان مەبلىغىنى ناھىيە،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە —— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

### ئالدىنقى يېرىم يىلدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پاتېنت ھوقۇقى بېرىش مىقدارى بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 51% ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **رېن خۋاننىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى (بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىدارىسى)دىن ئىگىلىشىچە، ئالدىنقى يېرىم يىلدا، ئاپتونوم رايونىمىزدا 6011 پاتېنت ھوقۇقى بېرىلىپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 51% ئاشقان، ئۈنۈملۈك كەشپىيات پاتېنتى جەمئىي 5844 بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 11% ئاشقان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون «ئاپتونوم رايوننىڭ بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئىستراتېگىيەلىك پىروگراممىسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگىنى تاۋار ماركىسى قىلغان سۈپەتلىك ماركىلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشۇش ئۈچ يىللىق ھەرىكەت لايىھەسى (2018 - يىلدىن 2020 - يىلغىچە)» «بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاتارلىق بىرقاتار سىياسەتلەرنى كەينى - كەينىدىن چىقىرىپ، پۈتۈن شنجاڭ بويىچە بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ يارىتىش ئىقتىدارىنىڭ مۇقىم ئۆسۈشى، تەتبىقلىنىش ئىقتىدارىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچىيىشىگە تۈرتكە بولدى. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشقا ياردەم بېرىش مەركىزى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى ئاممىۋى مۇلازىمەت سۇپىسى، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش مەركىزى قۇرۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقى تور دەرىسخانىسىنى قانات يايدۇرۇپ، بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### شىنجاڭدىن بىر تۈر، ئىككى كارخانا دۆلەتنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق نۇرغۇنبىرگىيەنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ما يىنىڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا دۆلەتنىڭ ئالتە تارمىقى بىرلىشىپ ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق نۇرغۇنبىرگىيەنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىدىغان 19 تۈر، ئەقلىي ئىقتىدارلىق نۇرغۇنبىرگىيەنى نۇقتىدا سىناق قىلىپ ئۈلگە كۆرسىتىدىغان 19 كارخانىنىڭ تىزىملىكىنى رەسمىي ئېلان قىلغان، شىنجاڭ (بىڭتۇەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)دىن بىر تۈر ۋە ئىككى كارخانا بۇنىڭغا تاللانغان بولۇپ، ئايرىم - ئايرىم ھالدا جۇڭگو يادرو ئېلېكتىر گۇرۇھى ئىلى چاپچال 735 زاۋۇتىنىڭ يېيىتىلما شەكىلدىكى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى

### بۇلۇتتا 15 مىليارد يۈەنلىكتىن ئارتۇق بەش تۈرنى ئىمزالىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۈگېپىڭنىڭ** شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىن ئىگىلىشىچە، 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى دۆلەت دەرىجىلىك شىخەنزە ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى نۇقتىلىق سودىگەر چاقىرىش، مەبلەغ جەلپ قىلىش تۈرلىرىدە «بۇلۇتتا كېلىشىم ئىمزالاش» شەكلى ئارقىلىق، بەش تۈردە مۇۋەپپەقىيەتلىك كېلىشىم ئىمزالىغان بولۇپ، كېلىشىم سوممىسى 15 مىليارد 40 مىليون يۈەنگە يەتكەن، كېلىشىم ئىمزالانغان تۈرلەر مەدەنىيەت - ساياھەت، نازۇك خىمىيە سانائىتى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 29 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن توققۇز يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# شى جىنپىڭ چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە يۇقىرى سۈپەتنى چىڭ كۆزلەپ نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ ئۈزلۈكسىز نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك

خەن جېڭ قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى



8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ خېفېيدا چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.
□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى ۋاڭ يې فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، خېفېي، 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 8 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خېفېيدا چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: چاڭجياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئورنى ۋە رولىنى چوڭقۇر تونۇپ، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى تەلەپكە بىرلەشتۈرۈپ، نىشان يۆنىلىشى، مەسىلە يۆنىلىشىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، بىر گەۋدىلەشتۈرۈش ۋە يۇقىرى سۈپەتتىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچلۇق سۆزنى چىڭ كۆزلەپ نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش جۈگۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ ئۈزلۈكسىز نەتىجە - ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى خەن جېڭ سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

شى جىنپىڭ ئەنخۇيدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغان مەزگىلدە بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىنى مەخسۇس ئاچتى. سۆھبەت يىغىنىدا، شاڭخەي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى چياڭ، جياڭسۇ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لوۋ چىنجيەن، جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چې جۈن، ئەنخۇي ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى جىنبىن، چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى خې لىفېڭ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سۆز قىلىپ، ئۆز ئەمەلىيتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن خىزمەت ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: چاڭجياڭ دېلتىسىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىستراتېگىيەسى يولغا قويۇلغان بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، ئۈچ ئۆلكە، بىر شەھەر ۋە ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

شايار ناھىيەسىدە

## ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش پاختىچىلىق كەسىپ زەنجىرىگە سىڭىپ كىردى



پاختا ئېچىلدى.

**داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇش**

شنجاڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ چوڭ ئەلا سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسى بولۇپ، ئاساسلىقى تۇرپان - قومۇل ئويمانلىقى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى، يەكەن دەرياسى ئېقىن رايونى، تارىم دەرياسى ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنىنىڭ ئىككى قىرغىقى، جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا، غەربىي قىسمى قاتارلىق جايلاردىكى ئۈچ پاختا رايونىدىكى 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەردىكى 37 ناھىيە، شەھەر، رايونغا جايلاشقان.

ئاپتونوم رايونىمىز پاختا ئىشلەپچىقىرىش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، پاختا سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، شنجاڭ پاختىچىلىق كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. 2022 - يىلغا بارغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمىنى 37 مىليون مو ئەتراپىدا مۇقىملاشتۇرۇپ، پاختىنىڭ تولۇق ماشىنىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىلىش نىسبىتىنى %50تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈش؛ 2025 - يىلغا بارغاندا، پاختىنىڭ تولۇق ماشىنىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىلىش نىسبىتىنى %60تىن كۆپرەككە يەتكۈزۈش پىلانلاندى.



7 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، شايار ناھىيەسىنىڭ نۇرباغ يېزىسىدا چوڭ تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى كېۋەزلىكتە كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەشغۇلاتى قىلماقتا. □ ليۇ يۈجۈ فوتوسى

خاس تېرىقچىلىققا قانداق كۈچەش كېرەك ②

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ جىلى

ھازىر دەل كېۋەز ئېتىز پەرۋىشىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلى بولسىمۇ، شايار ناھىيەسى قايلور بازىرىنىڭ ئىتتىپاق كەنتى، نورۇز قۇم كەنتى قاتارلىق كەنتلىرىدىكى تۇتاش كەتكەن كېۋەزلىكلەردە، پاختىكارلارنىڭ ئېگىشىپ ئەمگەك قىلىۋاتقان سىماسى ئاز ئۇچرايتتى.

«ھازىر كېۋەز تېرىغاندا، سۇغارغاندا گۈرجەك ئىشلەتمەيمىز، پاختا تەرگەندە ئېگىشمەيمىز، يەر تۈزلەش، يەر رەتلەش، تولۇق پىلەپ تېرىش، ئۇچقۇچىسىز ئايروپىلاندا دورا چېچىش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ تېمىتىپ سۇغىرىش، پاختا يىغىش ماشىنىسىدا يىغىشقىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا ئاساسەن ماشىنىلاشقان، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان مەشغۇلات قىلىنىدۇ» دېدى نورۇز قۇم كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئالىم ئوسمان.

شايار كېۋەز كۆپ تېرىلىدىغان ناھىيە بولۇپ، بۇ يىل 1 مىليون 950 مىڭ مو كېۋەز تېرىلدى. شۇ جايدىكى 10 مىڭدىن ئارتۇق پاختىكار ئالىمغا ئوخشاش يېزا ئىگىلىكنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ «ئالتۇن ئەپكەش»نى كۆتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، كىرىمنى ئاشۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشكە ھاياتىي كۈچ قوشتى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)